# ئىزدىنىش

(تاللانما)

8 2000

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2000-يىل 8-سان
(ئومۇمىي 146-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 11-، 12-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش لازىم ........................................................ ۋۇ باڭگو(2)

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرايلى ......... لى تيېيىڭ(14)

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ...... لى دېجۇ(37)

★8-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11—2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا ئېلان مۇشتىرى بولۇش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

# كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش لازىم

ۋۇ باڭگو

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش تەكىتلەنگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىنمۇ، زۇڭلى جۇ رۇڭجىمۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. بىز ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كارخانىلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتىن قاتتىق تۇتۇش قىلىپ، كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

## 1. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم

نېمە ئۈچۈن كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش لازىم؟ بۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن تونۇش مۇمكىن:

(1) كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە، بۇلتۇر 11-ئايدا مەن مەملىكەتلىك ئىقتىساد-سودا خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق ئىككى جۈملە سۆزنى قىلغانىدىم: بىرىنچىسى، ۋەزىيەت ياخشى؛ ئىككىنچىسى، ئىسلاھات داۋامىدىكى بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر مەركەزلىك ئاشكارىلىنىپ، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ئېغىرلاشتى، قىسمەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى.

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

بۇلتۇر، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ۋە پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان سانائەت كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان پايدا 96 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ باج ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى سەۋىيە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %77.7 ئاشتى. رايونلاردىن قارىغاندا، 31 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) ئىچىدە 27 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)نىڭ پايدىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ياخشى بولدى؛ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە پۈتۈن رايون دائىرىسىدە زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتتى، بۇ باشقا ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەرنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىگە زور تۈرتكە بولدى. كەسىپلەردىن قارىغاندا، ھەربىي سانائەت، كۆمۈرچىلىك سانائىتىدىن باشقا كەسىپلەرنىڭ ئۈنۈمى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. توقۇمىچىلىق سانائىتى پۈتۈن كەسىپ بويىچە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى مۆددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى، ھەربىي سانائەت، كۆمۈرچىلىك سانائىتىدىمۇ ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كېتىش يۈزلىنىشى توسۇلدى. بۇلتۇر مەملىكەت بويىچە GDP نىڭ %7.1 ئېشىشىدا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۆھپىسى بار. بۇ يىلقى ئەھۋالمۇ يامان ئەمەس، 1—2-ئايلاردا پۈتۈن مەملىكەت سانائىتىنىڭ كۆپەيمە قىممىتى %10.4، ئېكسپورتى %41.2، پايدىسى %183 ئاشتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ۋە پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان سانائەت كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان پايدا 15 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.7 ھەسسە ئاشتى. 2-ئايدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىدا ئۇدا 46 ئاي تۆۋەنلەپ كېتىش يۈزلىنىشى توسۇلدى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتى بىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى ئۈچ يىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، كۆپ يىلدىن بۇيان توپلىنىپ قالغان بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر مەركەزلىك ھالدا ئاشكارىلىنىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇرۇن پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغان ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ كۈنى تەسكە چۈشسە ھۆكۈمەت پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرەتتى، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەندىمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، باجنى ئۆتۈنۈپ بېرەتتى، ئۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە زىياننى تولۇقلاپ بېرەتتى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇ خىل ئۇسۇل ئەسقاتمايدىغان بولدى، ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش مېخانىزمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ياخشى كارخانىلار تېخىمۇ ياخشىلىنىش، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلار تېخىمۇ قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ كېتىشتەك "ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش" ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. لېكىن بەزى مۈلكى قەرزىگە چىقىش قىلمايدىغان، زىياننى تۈگىتىشكە كۆز يەتمىگەن كارخانىلار ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ ساغلام بولماسلىقى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بازاردىن ۋاقتىدا چېكىنىپ چىقالمايۋاتىدۇ. بۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان، ھەل قىلماي بولمايدىغان مەسىلىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇلتۇر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ۋە پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ

ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشى، بۇ كارخانىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىن قوللىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇلتۇر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ۋە پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان سانائەت كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان 96 مىليارد 700 مىليون يۈەن پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ھەقىقەتەنمۇ سىياسەت ئامىلى ئېلىپ كەلگەن، ھالبۇكى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سىياسەت ئامىلىنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىش بوشلۇقى تارىيىدۇ، دېمەك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى ئۈچ يىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ۋەزىيەت ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

(2) كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش — مەركەزنىڭ تۈرلۈك سىياسەت-تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. مەركەزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى چوڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرى ئېنىق بەلگىلەندى، ھەمدە بىر قاتار سىياسەت-تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلدى، بولۇپمۇ بانكىلارنىڭ تۇرۇپ قالغان ھېسابىنى، ئىرىلمەس ھېسابىنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش تەييارلىق پۇلىنى ئاشۇرۇش، قەرزنى پايغا ئايلاندۇرۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى قوشۇپ بېرىش، بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سالمىقىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلار دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەركەزنىڭ سىياسەت-تەدبىرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، نۆۋەتتە جىددىي تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش ”قاتتىق“ بولۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، بەزى كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ كۆزقارىشى ئۆزگەرمىگەن، كارخانا مېخانىزمىنىڭ ئالمىشىشى ئارقىدا قالغان، ئىچكى جەھەتتىن تۇتۇش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، باشقۇرۇش ئاجىز. مەيلى قەرزنى پايغا ئايلاندۇرۇشتا بولسۇن، قوشۇۋېلىش-ۋەيران قىلىشتا بولسۇن، جۈملىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۈتۈنۈش پۇلىنى تارقىتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە، بەزى كارخانىلار ئەڭ ئاساسلىق ستاتىستىكا خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلىيەلمەيۋاتىدۇ، ھېساباتى تولا ئۆزگىرىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەيدۇ. قەرزنى پايغا ئايلاندۇرغان بەزى كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ، زاۋۇت باشلىقىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا باش بوغالتىرمۇ ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ.

تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىمۇ باشقۇرۇش يېتىشەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت. تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى شەكلى ئۆزگەرگەن تەكرار قۇرۇلۇش، شەكلى ئۆزگەرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە چوقۇم ”تۈر، سۈپەت، ئۈنۈم“نى مەركەز قىلىش لازىمكى، مەھسۇلات مىقدارىنى مەركەز قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن، ئۆز كەسپىنىڭ، ئۆز كارخانىسىنىڭ چەت ئەلنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدىن بولغان پەرقى زادى قەيەردە؟ بازارنىڭ ئىستىقبالى قانداق؟ سېلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇۋالغىلى بولامدۇ-يوق؟ مۇشۇ ئەڭ تۈپ مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەمىشە كۆڭۈلدە سان يوق. بۇلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەگەر باشقۇرۇش ياخشىلانمىسا، ياخشى سىياسەت-تەدبىرمۇ تېگىشلىك ئۈنۈم بېرەلمەيدۇ، تېگىشلىك مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

(3) كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش يېڭى خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ سىنىقىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى دۆلەت كارخانىلىرى ئۈچۈن ھەم رىۋاجلىنىش پۇرسىتى، ھەم قاتتىق سىناق ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا تۈزگەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش كېلىشىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مەملىكىتىمىزگە تۆۋەندىكىدەك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ: بىرىنچىدىن، 2005-يىلىغا بارغاندا، قىسمەنلىرى 2008-يىلىغا بارغاندا، سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.44كە چۈشىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆۋەنلەش ھەجمى %42.6 بولىدۇ، پىكاپتىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى %25كە چۈشىدۇ. ئىككىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە نورما، ئىجازەتنامە، نىشانلىق خېرىدار چاقىرىش قاتارلىق تاموژنا بېجىدىن سىرت قوغداش تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ تاموژنا بېجىدىن سىرت تەدبىرلىرى 385 خىل مەھسۇلاتقا چېتىلىدۇ، ئاساسلىقلىرى ماشىنا ھەم زاپچاسلىرى، نېفىت خىمىيىسى، ماشىنىسازلىق كەسىپلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز مەھسۇلاتلىرى. ئۈچىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ئوبوروت ساھەسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى تىجارەت ھوقۇقى ۋە ئىمپورت-ئېكسپورت تىجارەت ھوقۇقى قويۇپ بېرىلىدۇ، چەت مەبلەغنىڭ تارماق سېتىش كارخانىلىرى قۇرۇشىغا رايون، سان ۋە پاي نىسبىتى جەھەتلەردىن قويۇلغان چەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. مانا بۇ مەملىكىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن يۈزلىنىدىغان ۋەزىيەتتۇر. كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان پىكاپ سانائىتىنى مىسالغا ئالساق، مەملىكەت بويىچە ھازىر 120 پىكاپ زاۋۇتى بار، بۇلاردىن يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 100 مىڭدىن ئاشىدىغىنى پەقەتلا 12، زاپچاس زاۋۇتىدىن 1700 دىن كۆپرەكى بار، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش سەۋىيىسى تۆۋەن. شېرىكلەشكەن كارخانىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدىكى شېرىكلەشكەن ماشىنا زاۋۇتلىرى يىلىغا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پىكاپ مەھسۇلات مىقدارى 10غىمۇ يەتمەيدۇ، چەت ئەللەردە بولسا 40 تىن ئېشىپ كېتىدۇ. تېخنىكا يارىتىشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدە ھازىر ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان 20 خىل تىپتىكى پىكاپنىڭ ھەممىسى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆزىمىز لايىھىلىگەن پىكاپتىن بىرىمۇ يوق. باھادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن، گاز چىقىرىش مىقدارى 1.6—2.0 لىتىرلىق پىكاپنىڭ باھاسى چەت ئەلنىڭكىدىن %30 يۇقىرى، بۇ تېخى سېتىۋېلىش ھەققى قاتارلىق باشقا ھەقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، 3.0 لىتىرلىق پىكاپنىڭ باھاسى چەت ئەلنىڭكىدىن %40 يۇقىرى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ پىكاپ سانائىتىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەملىكىتىمىزنىڭ پولات ماتېرىيال، تەييار ماي، بىرىكمە ماتېرىيال، خىمىيىۋى ئوغۇت، بالون، چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنە قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بازار ئېھتىياجى ياخشى بولغان سوغۇق پروكاتلانغان تاختا، دات باسماس پولات تاختىسى، ئەندىزە پولىتى، سوغۇق پروكاتلانغان كرېمنىي پولات پارچىسى، نېفىت تۇرۇبىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى مەملىكىتىمىزدە تېخى ئەمدى باشلىنىۋاتقاچقا، ھەر يىلى چەتتىن كۆپ مىقداردا ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىز ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يۇقىرى سۈپەتلىك سىلىقلاش مېيى

ئاران 65% ئىنىلا ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن 2—3 دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ؛ خىمىيىلىك تالانىڭ پەرقلىنىش نىسبىتى ئاران 20%، چەت ئەلنىڭ 45% تىن يۇقىرى؛ بالوننىڭ مېرىدىئانلىشىش نىسبىتى ئاران 30%، چەت ئەلنىڭ 85%تىن يۇقىرى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ 100%؛ ئاساسلىق ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 5 پىرسەنتىلا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، ۋەھاكازالار. مانا بۇ مەملىكىتىمىز سانائىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن دۆلەت كارخانىلىرى دۇنيادىكى دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ كەسكىن رىقابىتىگە بىۋاستە يۈزلىنىدۇ، كارخانىنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، تېخنىكا يارىتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش، باشقۇ-رۇش قالاق بولۇش مەسىلىلىرى تېخىمۇ روشەن ھالدا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بىزنىڭ پەقەت نەچچە يىللا ۋاقتىمىز بار، ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتنى قەدىرلىمەي، باشقۇرۇش جەھەتتە كۈچ چىقارمىساق، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن بىر تۈركۈم كارخانىلار شاللىنىپ قالىدۇ، بۇ بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئەھۋالدۇر.

يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىكى تەھلىلدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ: بىز خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە مەۋقەيىمىزنى ھەقىقىي تۈردە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈستىگە قويۇپ، كارخانا باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشىمىز، ئىچكى جەھەتتىن تۈتۈش قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەت-تەدبىرلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە خەۋپ-خەتەر-گە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، دۆلەت كارخانىلىرى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدۇ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتالايدۇ.

## 2. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە بىنائەن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇ-رۇش لازىم

كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھەل قىلماي بولمايدىغان مەسىلە، شۇنداقلا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. بۇ يىل چاقىرىلغان مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش ۋە قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇش تەكىتلەندى، ھەمدە مۇنداق بەش جەھەتتىكى خىزمەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: بىرىنچى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارغا بولغان تەكشۈرۈش ۋە نازارەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش؛ ئىككىنچى، كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى بالا شىركەتلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تەلپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئانا-بالا شىركەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش؛ ئۈچىنچى، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك تۈزۈمى، كادىر ئىشلىرى تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش، چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش؛ تۆتىنچى، كارخانىلارنىڭ قەرز قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ بەشىنچى، پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پاي ھوقۇقىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. دېمەك، باشقۇرۇشنى تۈتۈشنىڭ خېلى مۇھىم بىر مەزمۇنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇشتىن ئىبارەت.

(1) كارخانا گۇرۇھىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مەسىلىسى توغرىسىدا. كارخانا گۇرۇھى خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ، دۆلەتنىڭ پىلانى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تاقىلىدۇ. ئېلىمىزدىكى كارخانا گۇرۇھىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاۋۋال "بالىسى"، ئاندىن "ئانىسى" بارلىققا كېلىش بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، قويۇق مەمۇرىي تۈس ئالغان، ئۇنىڭ بەزىلىرى مەمۇرىي شىركەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، دەرۋەقە، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلپى بويىچە، كاپىتالنى ۋاستە قىلىپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىقى جەھەتلەردىكى ئېھتىياج ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىرىمۇ بار، لېكىن كۆپىنچىسى ئالدىنقى ئىككى خىل ئۇسۇلدا شەكىللەنگەن، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا شەكىللەنگەن گۇرۇھلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مۇنداق ئىككى خىل مەسىلە مەۋجۇت.

بىرى، كۆپ قاتلاملىق قانۇنىي ئىگە تەسىس قىلىش، باشقۇرۇش قاتلاملىرى بەك كۆپ بولۇپ كېتىش مەسىلىسى. مەلۇم بىر گۇرۇھ شىركەتنىڭ تارماق شىركەتلىرى 700 دىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنى قانداق باشقۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر گۇرۇھ شىركەتنىڭ تارماق شىركىتى 118 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 91 شىركەت بوغالتىرلىق جەدۋىلىنى مەلۇم قىلمايدىكەن، ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنىمۇ بىلەلمەيدىغان ئەھۋالدا، گۇرۇھنى قانداقمۇ ياخشى باشقۇرغىلى بولسۇن. بۇنداق گۇرۇھ شىركەتلەردە "گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ قويغان بىلەن يىغىنچاق بولماسلىق"، "ئانىسى بالىسىنى تونۇماسلىق"، نازارەتچىلىك-باشقۇرۇش كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇناسىپ ھالدا ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان.

يەنە بىرى، ئاساسىي تىجارەتنى گەۋدىلىك بولماسلىق مەسىلىسى. بۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، ئالدىغا كەلگەنلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىش، ھېچقايسى ئىشنى ياخشى قىلالماسلىق، بۇ شىركەتلەرنىڭ رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولغان كۆزگە كۆرۈنگىدەك كەسپى يوق، داش قازاننىڭ ئېشىنى يېيىش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، كۆپ ھاللاردا، ياخشى كارخانا ناچار كارخانىنىڭ دەردىدىن خارابلىشىپ كېتىدۇ، ناچار كارخانا ياخشى كارخانىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ، پۈتۈن گۇرۇھ شىركەتنىڭ رىقابەت كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. گېرمانىيىنىڭ سابىق خېشست شىركىتى ئەسلىدە خىمىيە سانائىتىنى ئاساس قىلىدىغان شىركەت بولۇپ، كېيىن ھايات ئىلمىنى ئاساس قىلىشقا كۆچكەن، ئۇلار ئاساسىي كەسپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەڭ كۆپ پۇل تاپىدىغان شىركەتلىرىنىمۇ سېتىۋەتكەن،

بۇلتۇر ئۇلار فرانسىيەنىڭ بىر شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، نامىنى ئاتىۋېنت شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ھايات ئىلمى ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىنى ساقلاپ قالغان. چەت ئەللەردە قوشۇۋېلىش-سېتىۋېلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسلا بوپىنى تاشلىۋېتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، نۇرغۇن شىركەتلەر ئۆزىنىڭ ئەڭ پۇل تاپىدىغان شىركەتلىرىنى سېتىۋېتىپ، ئاندىن سېتىۋېلىش يولى بىلەن ئاساسلىق كەسپىنى كېڭەيتىپ، مۇلۇكنى سەرخىللاشتۇرۇپ قايتا تەشكىللەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇلتۇر كورىيە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى %10.2كە يەتتى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلار ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلغان، بۇ ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، باشقۇرۇش قاتلاملىرىنى ئازايتقان، يەنە بىرى، ئاساسىي تىجارەت كەسپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن، ھازىرقى زامان گۇرۇھىدا ئەسلى 63 شىركەت بولۇپ، بۇلتۇر قىسقارتىلىپ 30ى قالغان؛ سامسۇن گۇرۇھىدا ئەسلى 65 شىركەت بولۇپ، بۇلتۇر قىسقارتىلىپ 40ى قالغان؛ LG گۇرۇھىدا ئەسلى 53 شىركەت بولۇپ، بۇلتۇر قىسقارتىلىپ 30ى قالغان. ئېلىمىز كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، باشقۇرۇش مېخانىزمى جەھەتتىن باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا باش قاتۇرماي تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن. جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى قايتا تەشكىللىنىپ، پاي چېكىنى بازارغا سالدى، ئۇلار ئەسلىدىكى 1 مىليون 550 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچىدىن 1 مىليون 50 مىڭ كىشىنى ئايرىپ چىقىرىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقۇرۇش قاتلاملىرىنى ئازايتىپ، ئاساسىي كەسپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قوشۇمچە كەسپلەرنى ئايرىۋەتكەن. جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى قايتا تەشكىللەش، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن، ئۇلارنىڭ بۇ خىزمىتى ئاسانغا توختىمىغان، شۇنداقتىمۇ چەت ئەل شىركەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا نۇرغۇن پەرق بار. دەرۋەقە، ھەر بىر كارخانا، ھەر بىر كەسىپنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم.

(2) دۆلەت كارخانىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا. دۆلەت كارخانىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش مەسىلىسى ھازىر ھېلىھەم باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. ئۆتكەن ئىككى يىلدا، دۆلىتىمىز ئالاھىدە تەكشۈرگۈچى خادىملارنى ئەۋەتىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، يېقىندا گوۋۇيۈەن «دۆلەت كارخانىلىرى نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئېلان قىلدى، بۇ—دۆلەت كارخانىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، لېكىن ھەقىقەتەن بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت، ئاساسلىقى مۇنۇلار: بىرىنچى، بوغالتىرلىق ئۇچۇرلىرىدا يالغانچىلىق ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. ئىككىنچى، چوڭ-چوڭ تەدبىرلەردە سەۋەنلىك كۆرۈلگەن، باشلىق

شەخسنىڭ گېپى گەپ بولىدىغان ئەھۋال بار، ئېغىر دەرىجىدە زىيان كۆرۈلگەن. ئۈچىنچى، مەبلەغ سېلىش ئۇستىدە تەدبىر كۆرۈشتە تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرمەي، تەھلىل يۈرگۈزمەي، قارىغۇلارچە مەبلەغ سالىدىغان ئەھۋال ساقلانغان. تۆتىنچى، باشقۇرۇشتا قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت، مەبلەغنى يۆتكەپ كېتىش، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېتىش، دۆلەت مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئەھۋالى بار. بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك، بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش شەرت.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرىدۇر. نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل چەكلەش مېخانىزمىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە باشقۇرغۇچىلارنى ئاسراش جۈملىسىگە كىرىدۇ، چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلغاندا، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى ئۇڭاي خاتالىشىپ قالىدىغان ئەھۋالدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ بۇنداق مېخانىزم بولمىسا، نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش بولمىسا، چاتاق چىقىدۇ. بەزى ياخشى كارخانىلارنىڭ كېيىن تۈگىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش يېتەرسىز بولغان ئەھۋالدا، كارخانىنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرى كاللىسىغا كەلگەنچە ئىش قىلغان، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغان. دەرۋەقە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ زور كۆپ ساندىكىلىرى ياخشى، خىزمەتكە جان كۆيدۈرىدۇ، تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، ئۇلار كارخانا تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، لېكىن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئىچىدە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغانلار ھەقىقەتەن بار. تيەنجىن شەھەرلىك سانائەت كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش مەسىلىسىنى مۇنداق بىرقانچە خىل ئەھۋال قىلىپ مىسالغا ئالغان: بىرىنچى، شۇ كارخانىنىڭ پايدا چىقىدىغان كەسىپنى ئۆز تۇغقىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىش؛ ئىككىنچى، تۇغقىنى باشقۇرۇۋاتقان كارخانىدىن يۇقىرى باھادا مەھسۇلات سېتىۋېلىش، ئۇنىڭغا تۆۋەن باھادا مەھسۇلات سېتىپ بېرىش، ئۆز كارخانىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا تۇغقىنىنىڭ كارخانىسىغا پايدا يەتكۈزۈش؛ ئۈچىنچى، تۇغقىنى باشقۇرۇۋاتقان كارخانىنى ئادەم، ماددىي ئەشيا، مەبلەغ ۋە ئۇسكۈنە قاتارلىقلار بىلەن ئېتىبار قىلىپ ھەتتا ھەقسىز تەمىنلەش؛ تۆتىنچى، سۈپەتلىك مالنى سۈپەتسىز مال ھېسابىدا ئۆز تۇغقىنى باشقۇرۇشىدىكى كارخانىغا سېتىپ بېرىش، ئۆز تۇغقىنى باشقۇرۇشىدىكى كارخانىنىڭ ئۆلچەمگە توشمايدىغان مەھسۇلاتىنى سۈپەتلىك مال قاتارىدا سېتىۋېلىش. دېمەك، دۆلەت كارخانىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىگەندە، كارخانىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ، لىمنىڭ ئۈستى ئەگرى بولسا، ئاستى ئېگىلىپ كېتىدۇ، ئوتتۇرىسى ئەگرى بولسا، ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزىدە مۇشۇ قائىدە چۈشەندۈرۈلگەن.

كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى بولغان كىشى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى ئاڭلىق يوسۇندا

قوبۇل قىلغاندىن سىرت، يەنە مۇنۇلارنى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك: بىرىنچىسى، مىنىڭ دېگىنىم ھېساب دەپ تۇرۇۋالماي، تەدبىر كۆرۈشتە تەرتىپكە ئەمەل قىلىش، تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك، ھوقۇقتا چەك قويۇلمىسا بولمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش، ئادەم ئىشلىتىشتە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئادىل بولۇش، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلىرىنىڭ ئىشلىرىدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىش تۈزۈمى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىسى، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەندىن باشقا، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قاتار نازارەتچىلىك تۈزۈملىرىنىمۇ ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، كارخانا باش بوغالتىرلىقى تۈزۈمى. باش بوغالتىر كارخانا ئالدىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئالدىدا جاۋابكار بولغاندىن سىرت، دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە-نىزاملىرى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، كەسپىي ئەخلاقنى تۇرغۇزۇشى، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى دادىللىق بىلەن توسۇشى كېرەك، يالغان ھېساب ئويدۇرىدىغان ئىشلارغا ھەرگىز قاتناشماسلىقى لازىم. يەنە مەسىلەن، كارخانىنىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى. ئىلمىي تەرتىپكە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، تەدبىر كۆرۈشتە زور سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندا ئىقتىسادىي ھېساباتىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى، يىللىق ھېسابات تەكشۈرۈش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ھەقىقىي تۇردە ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتتىق ئىجرا قىلىش، شەكىلۋازلىق ۋە رەسمىيەتچىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

## 3. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قاتتىق باشقۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، ناھايىتى مۇھىمى، كارخانىنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئىچكى جەھەتتىن قاتتىق تۇتۇش قىلىش لازىم. بۇ مەسىلە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تىمۇ ئەتراپلىق، كونكرېت شەرھلەندى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئاساسەن مۇنداق بىرنەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، تەننەرخ باشقۇرۇش، مەبلەغ باشقۇرۇش ۋە سۈپەت باشقۇرۇش قاتارلىق ئاجىز ھالقىلارنى تىرىشىپ ئوبدان تۇتۇش لازىم؛ ئىككىنچى، كارخانا تەرەققىياتىنىڭ توغرا ئىستراتېگىيىسىنى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە بازار سودىسى ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، كارخانىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. تۆتىنچى، ئاساسىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ساختىپەزلىك قىلمىشنى قاتتىق چەكلەش لازىم؛ بەشىنچى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھادىسە پەيدا قىلىدىغان

يوشۇرۇن ئاپەتنى ۋاقتىدا تۈگىتىش كېرەك.

كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، قاتتىق باشقۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇش قىلىش كېرەك. ھازىر بىرمۇنچە كارخانىلار ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، باشقۇرۇشنى بىلىش، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش لازىم، بۇ بىر دىرېكتور (زاۋۇت باشلىقى)غا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ، باشقۇرۇشنى بىلمەيدىغان، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان دىرېكتور (زاۋۇت باشلىقى) لاياقەتلىك دىرېكتور (زاۋۇت باشلىقى) ئەمەس. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئاساسى پۇختا، گەرچە ئۇلار بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. خەندەن پولات-تۆمۈر شىركىتىگە ئوخشاش ناھايىتى ئوبدان باشقۇرۇلغان كارخانىلاردىمۇ ئىچكى قىسمىدا قېزىشقا بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچ بار. خەندەن پولات-تۆمۈر شىركىتى 1997-يىلدىن 1999-يىلغىچە ئۈدا ئۈچ يىل مېتال سانائىتى ساھەسى بويىچە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى، 1999-يىلى، سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان مەھسۇلات تەننەرخى يەنە ئاز كەم 300 مىليون يۈەن ئازلاپ كەتكەن. خەندەن پولات-تۆمۈر شىركىتىنىڭ مەھسۇلات تۈرى باشقا شىركەتلەرنىڭكىدىن كۆپ ئەمەس، مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى مال، ئۈسكۈنىلىرىمۇ باشقا شىركەتلەرنىڭكىدىن ئىلغار ئەمەس، ئۇنداقتا ئۇلار نېمىگە تاياندى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، قاتتىق باشقۇرۇشقا، ئىچكى جەھەتتىن قاتتىق تۇتۇش قىلىشقا تاياندى. خەندەن پولات-تۆمۈر شىركىتى قىلغاننى باشقا كارخانىلارمۇ قىلالىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردا ھەقىقىي ئىرادە بىلەن خەندەن پولات-تۆمۈر شىركىتىنى ئۈلگە قىلغانلار ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆردى. ياشىڭ گۇرۇھى باھا سېلىشتۇرۇپ سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بەش يىلدا سېتىۋېلىش تەننەرخىنى ئاز كەم 100 مىليون يۈەن چۈشۈرگەن، بۇ ھال كارخانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىر بەزى كارخانىلارنىڭ سېتىۋالغۇچى خادىملىرى ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش جەھەتتە ھىلە ئىشلىتىپ، ئەرزان مالنى تاشلاپ، قىممەتنى ئالىدۇ، يېقىندىكىنى تاشلاپ، يىراقتىكىگە يۈگۈرىدۇ، ياخشىسىنى تاشلاپ، ناچىرىنى ئالىدۇ، بۇنىڭدا ئويۇن تولا. بۇلارنىڭ ھەممىسى يوچۇق، شۇنداقلا چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان پارنىك، بۇ يوچۇق ئېتىلسە، يوشۇرۇن كۈچ قېزىلسا، باشقۇرۇش كۈچەيتىلسىلا، ھەم چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى، ھەم كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، كارخانىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئالدى بىلەن مۇنداق تۆت خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

(1) دۆلەت كارخانىلىرىدا ۋە پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان كارخانىلاردا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تۇتۇش لازىم. باشقۇرۇشنى تۇتۇشتا شەكىلۋازلىققا بېرىلىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىشنى، دوكلات تەييارلاشنى مەقسەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر بىر كارخانا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى زادى نەدە، زادى قايسى ئىشلارنى تۇتۇش كېرەك، قانداق تۇتۇش كېرەك، قايسى قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەرنى

ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنىڭ ھەقىقىي ئاقىدىغان تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم، باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاجىز ھالقىلارنى تېپىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىش، كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

(2) كارخانىلار قەرزدارلىق جەدۋىلى، پايدا-زىيان جەدۋىلى ۋە مەبلەغ ئوبوروت مىقدارى جەدۋىلىنى ئوبدان تۈزۈشى ۋە ئوبدان ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ ئۈچ جەدۋەل كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ھازىر كارخانىلار ئومۇمەن بۇ ئۈچ خىل جەدۋەلنى تۈزىدۇ، لېكىن تۈزگەن جەدۋىلى قائىدىگە چۈشمەيدۇ، كارخانا ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرىدۇ، جەدۋەلنى تۈزۈشتە تەلەپ قاتتىق ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، بەزى كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى ئۇ ئۈچ جەدۋەلدىن پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلمەيدۇ. كارخانىلارنىڭ باش بوغالتىرى كارخانىنىڭ مالىيە خادىملىرىنى ئۈچ جەدۋەلنى ئېيىەن، ۋاقتىدا، ئۆلچەملىك تۈزۈپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك، بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىش، زىياننى زىيان بويىچە، پايدىنى پايدا بويىچە مەلۇم قىلىش كېرەك، ئىككى خىل ھېساب تۈرغۈزۈشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، يالغان ھېساب توقۇپ چىقىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. كارخانىنىڭ مالىيە تارماقلىرى يۇقىرىقى ئۈچ خىل جەدۋەلگە ئاساسەن، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسىغا ۋاقتىدا ئەھۋال ئىنكاس قىلىدىغان، تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن پىكىر ۋە تەكلىپنى قويۇشى لازىم. كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى ئۈچ خىل جەدۋەل بويىچە كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بولۇش ئۈچۈن، ئۈچ خىل جەدۋەلنى ئوبدان چۈشىنەلەيدىغان بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش داۋامىدىكى مەسىلىلىرىنى بايقاپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۈچ خىل جەدۋەلنى ياخشى تۈزۈش، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش خىزمىتىنى تۇتۇش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم.

(3) تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە مۇكاپات ۋە جازاغا ھەقىقىي تۈردە باغلاش كېرەك. كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تەننەرخ، سۈپەت ۋە بىخەتەرلىك قاتارلىق تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىنى تەپسىلىي تۈزۈش، ھەمدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنى ھەقىقىي تۈردە گۇرۇپپىلارغىچە، ھەر بىر ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەكشۈرۈش ۋە سىناقنى يولغا قويۇش، مۇكاپات بىلەن جازا ئېنىق بولۇش كېرەك.

(4) بەزى كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش مەسىلىسىنى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ھەل قىلىش كېرەك. ھازىر بەزى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشى قالايمىقان، بۇ كارخانىلاردا "پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق"، "قېچىش، چىقىپ كېتىش، بىھۇدە

ئېقىپ كېتىش» ئەھۋاللىرى ئېغىر. ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ھەل قىلىش، كارخانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۆۋەن تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. مەن بەزى كارخانىلارغا باردىم، بىز بېرىشتىن بۇرۇن بۇ كارخانىلار مەخسۇس تازىلىق ئۇيۇشتۇرغانىكەن، ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا بىز كۆپ ھاللاردا پىلاننى ئۆزگەرتىپ ئىش كۆرۈۋۇدۇق، مەسىلە مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى، بەزى جايلارنىڭ پاسكىنىچىلىقىدا پۇت دەسسىگۈدەك يەر يوق، بۇنداق كارخانىنى ياخشى باشقۇرغىلى بولمايدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرايلى

لى تېيىڭ

ماركسىزمنىڭ كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئىزچىل تۈردە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزى تۇرغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانلار ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدىكى ئەھمىيىتى ۋە ئورنىنى بايان قىلغان؛ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى، خاراكتېرى ۋە ئۇسۇلىنى شەرھلىگەن؛ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن؛ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنياقاراش، تارىخىي قاراش، قىممەت قارىشى ۋە مېتودولوگىيە جەھەتلەردىن يول كۆرسىتىپ بەرگەن. ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئالاقىدار بايانلىرىدا ۋە پارتىيىنىڭ مۇھىم ھۆججەت-ئەسەرلىرىدە پارتىيىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشى ھەققىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر، بېتەكچى فاكچېن، پرىنسىپ ۋە سىياسەتلەر سۆزلەنگەن. بۇ بايانلارنىڭ ئاساسىي روھى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ۋە پارتىيىمىز ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئالاقىدار بايانلىرىنى تاللاپ كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. مۇشۇ بايانلارنى قايتا ئۆگىنىشتىن مەقسىتىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى يەنىمۇ تونۇپ، ئۇنىڭ 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇش مۇساپىسىدە دۇچ كېلىۋاتقان تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا يېتەكچى فاكچېن ۋە پرىنسىپتا

چىڭ تۇرۇپ، مەدەت بېرىش ۋە ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى پاتال راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

## 1. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنى

پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر — دۇنيا ئومۇمىيىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئالاھىدە ساھەلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئادەتتىكى ئاتىلىشى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادشۇناسلىق، ئەدەبىيات، تارىخشۇناسلىق، سوتسىئولوگىيە، سىياسەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە گۇمانىتار پەنلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم تەرىپىدىن ياكى ئالاھىدە ساھەسىدىن چىقىش قىلىپ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتى، قانۇنىيىتىنى ياكى قائىدە، پرىنسىپ ۋە يوسۇنلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر؛ پەلسەپە بولسا تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئۈستىدىن چىقىرىلغان يەكۈن ۋە خۇلاسىدۇر، دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىدۇر، دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرىدۇر. مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پۈتكۈل پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جانلىق روھ. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە ھاسىل قىلغان مەنىۋى نەتىجىسى ۋە ئىدىيىۋى قورالى، ئىنسانلار بىلىمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىمۇ تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر زور دەرىجىدە گۈللەنمىسە، تەرەققىي قىلمىسا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بىرىنچى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تۈزۈم مەدەنىيلىكىنى بەرپا قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى يېتەكچىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشى زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتىدىغان تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر. جەمئىيەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئالغا ئىلگىرىلىشى يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەرىكىتى ۋە ئىجتىمائىي توقۇنۇشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىنىشى كىشىلەر مۇشۇ تۈردىكى زىددىيەت ھەرىكىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تونۇپ يېتىش ئاساسىدا، ھەمدە شۇنىڭ بىلەن يېتەكچىلىك قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا

بارلىققا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق تونۇش، يەنى كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئورنىغا يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى دەسسىتىش تەلپى كۆپىنچە ئالدى بىلەن ئاشۇ دەۋردىكى مەلۇم سىنىپقا ۋەكىللىك قىلغان ئىلغار پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى نەزەرىيىدە ئەكس ئېتىپ، سىياسىي ئىنقىلاب ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ قالىدۇ. يېقىنقى زاماندا ئىجتىمائىي پەنلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ماركسىزم مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىش، ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدە پەيدىنپەي ستىخىيىلىك ھالەتتىن ئاڭلىق ھالەتكە ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ماس كېلىدىغان، دەۋر تەلپىنى ۋە ئۆز سىنىپىنىڭ غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەشكە باشلىغان.

روسىيىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىش ئەمەلىيىتى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئىش. سوتسىيالىزم كېيىنكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىمۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئەمما بىر مەزگىل ئىچىدە، ئەسلىدىكى تۈزۈلمىنىڭ پەيدىنپەي قاتماللىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلماي قالدى. سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۇزاق بىر مەزگىل ھەققىي ھەل قىلىنمىدى. پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيىمىز ئاكتىپ ئىزدىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاش-تۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قازىنىش ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلى-شىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پەيدىنپەي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئاچتى. پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش يولىدىكى بۇ ئىنقىلاب جۇڭگو خەلقىنىڭ تارىخنى ئاڭلىق يارىتىش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىككىنچى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ماددىي مەدەنىيلىك يارىتىشتىكى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. ماركسىزم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: ئەمگەك كۈلمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەمكارلىشىش، باشقۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش ئەمگەك جەريانىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ قالىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھەمكارلىشىش، باشقۇرۇش، قوماندانلىق قىلىشتىن شەكىللەنگەن، ”كوللېكتىپ كۈچى“

بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ”ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ياكى ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى“ دەپ ئاتىغان. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 23-توم، 362-، 366-بەتلەر) بازار رىقابىتىدە كۆلەم ۋە تېخنىكا دەرىجىسى بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان كارخانىلاردىن نېمە ئۈچۈن بەزىلىرى روناق تاپقان، بەزىلىرى خارابلاشقان؟ بۇنى ئاساسلىقى ھەمكارلىشىش، باشقۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بەلگىلىگەن، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنىڭ تەشكىللەش بىلەن تەدبىر كۆرۈش، تىجارەت قىلىش بىلەن باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى تەتبىقلىنىش ئەھۋالى بەلگىلىگەن. بۇ بىلىملەرنىڭ تەتبىقلىنىشى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، باشقۇرۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بايلىقنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەش ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدار-لىقىنى ئۆستۈرۈشكە چېتىلىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا چېتىلىدۇ، كارخانا روھى، كارخانا مەدەنىيىتى ۋە كارخانا پەلسەپىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئالاقىدار مەزمۇنلارغا چېتىلىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدىن قارىغاندا، ھەمكارلىشىش، باشقۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش ماھىيەت جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش فۇنكسىيىسىدۇر. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۈگۈنكى كۈندە پەن-تېخنىكا ۋە ئۈچۈر يېتەكچى قىلىنغان ئىنتايىن كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە، بىزنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى جەھەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقىمىز تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر قاتارلىق قاتتىق ماتېرىيال جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى باشقۇرۇش سەۋىيىسى قاتارلىق يۇمشاق ماتېرىيال جەھەتتىمۇ بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-رىنىڭ تەرەققىياتى خېلى زور دەرىجىدە باشقۇرۇش ئىلمى جەھەتتىكى بۆسۈشكە، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى ئالاقىدار ساھەلىرىدىكى بۆسۈشكە باغلىق، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر دۆلەتنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، پەن-تېخنىكا، مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارغا نەزەرىيە جەھەتتىن ئۆز ۋاقتىدا، ھەر تەرەپلىمە ۋە يۇقىرى قاتلامدىن يېتەكچى-لىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ، ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھىم كاپالىتى.

ئادەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ جانلىق ئامىلدۇر. كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتتىكى ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۇل ئېشى بولۇپ قالدى. ئەمگەكچىلەر-نىڭ ساپاسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ھەمكارلىشىش، باشقۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى توپ ئاساسىدىن بەلگىلەيدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى ئۈنۈملۈك ئۆستۈ-رۈلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈلسە، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ۋە ھۈنەر-تېخنىكىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ

ساپاسنى ۋە پۇقرالارنىڭ ساپاسنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەڭداشسىز تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

شۇنداق بولۇش بىلەنلا قالماي، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مەلۇم شەرتى ئاستىدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىراق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت ۋە تۈپتىن توقۇنۇش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، كونا تۈزۈم ياكى كونا تۈزۈلمە، كونا كۆزقاراشلارنى تەنقىد قىلىش، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى تۈزۈم ياكى يېڭى تۈزۈلمىنى چاقىرىش ئارقىلىقلا، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى ۋە ئۇنى تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل كىشىلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، تەبىئەت ئۈستىدىن ئىزدىنىشكە ۋە تەبىئەتنى بىلىشكە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ، تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ مۇكەممەل بولغان پەن سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ۋە سىجىل تەرەققىياتىنى يېتەكچىلىك ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ۋە قوللىنىلىش داۋامىدىكى مۇۋاپىقلىقى ۋە تەرتىپلىكلىكىنىمۇ ئاشۇرۇپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىدا ئەمەلىيەت بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە نەزەر سالساق شۇنى كۆرىمىزكى، دۇنيا مىقياسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلما زور دەرىجىدە تەڭشەلمەكتە، پەن-تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ تەسىر كۈچى كۈندىن-كۈنگە چوڭايماقتا، دۆلىتىمىز WTO نىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالدى. خەلقئارا ئىقتىساد ۋە سىياسەتتىكى بىر قاتار يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا، دۆلىتىمىزنىڭ قانداق تەدبىر قوللىنىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مۇشۇنداق ھالقىلىق تارىخىي پەيتتە، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش جىددىي ئېھتىياجلىقتۇر.

ئۈچىنچى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر مەنىۋى مەدەنىيلىك يارىتىش، كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى كۈچلۈك تۈۋرۈكتۇر. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلە-

ششنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سىياسەتنىلا بەرپا قىلىپ قالماي، بەلكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىمۇ بەرپا قىلىش كېرەك؛ مول ماددىي مەدەنىيلىككىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيلىككىمۇ ئىگە بولۇش لازىم. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا، شۈبھىسىزكى، مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولغان مائارىپ ۋە ھەر بىر تەبىئىي پەن تەمىن ئېتىدىغان بىلىم بايلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىراق بۇ خىل مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغىنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە ئەخلاقتۇر. ماركسىزم ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە ئاساسلىق تەركىبى. مەسىلەن، ماركسىزملىق پەلسەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى ۋە ”مەدەنىيەتنىڭ جانلىق روھى“ بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يېتەكچى خاراكتېرلىك ۋە يول كۆرسەتكۈچ خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ. باشقىلىرىغا كەلسەك، مەسىلەن، ئىقتىسادشۇناسلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى ئەقلىي ئىگەللىشى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن تېخىمۇ ياخشى شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا تەڭشەپ تىزگىنلەيدۇ؛ سىياسەتشۇناسلىق بىلەن قانۇنشۇناسلىق سىياسەت ۋە قانۇننىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان ماھىيەتلىك باغلىنىشىنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇشنى سەرخىللاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئېتىكا كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئەخلاقىي ئاساسى ۋە ئەخلاق مىزانى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە شەرھلەشنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرىدۇ؛ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئېستېتىكا بولسا كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئاڭ ۋە ئېستېتىك ھەۋەسنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى يېتىشتۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ساپلاشتۇرىدۇ؛ تارىخشۇناسلىق كىشىلەرنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تارىخىي قانۇنىيەتنى ئېچىپ، تارىخىي ئەقىل-پاراسەتلەردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ھالدا ۋارىسلىق قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جۇغلىنىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇلۇشىغا، راۋاجلىنىشىغا ۋە ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. دېمەك، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ”كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش“ جەھەتتە، ”غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق“ سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن جەمئىيەتتە ئورتاق غايە ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكنى شەكىللەندۈرۈش. ئەگەردە بىز ئىقتىسادقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، نوقۇل ھالدا ماددىي مەدەنىيلىكنىلا تۇتۇپ، ماركسىزمغا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە سەل قارايدىغان بولساق، "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش"تا ھەقىقىي چىڭ تۇرمايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، جەمئىيەتىمىزدە ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز بولىدۇ، بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى چىگىش-مۇرەككەپ، كەسكىن ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالدىدا ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ قالىدۇ، غايىسى سۇسلىشىپ، ئېتىقادىدا تەۋرىنىش بولۇپ، ئىنقىلاب قىلىش ئىرادىسىنى ۋە غورۇرىنى يوقىتىپ قويىدۇ؛ خەلق ئاممىسى مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىجتىمائىي كەيپىيات بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

## 2. جۇڭگو پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردە دۇچ كېلىۋاتقان تەتقىقات ۋەزىپىسى

20-ئەسىرنى يەكۈنلەپ، 21-ئەسىر ئۈستىدە ئىزدىنىش پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. قاينام-تاشقىنلىق 20-ئەسىردە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نۇرغۇنلىغان شانلىق مۆجىزىيەتلەر قولغا كەلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم بارلىققا كەلدى، مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى بىكار قىلىندى، پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مىسلىسىز تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر بۇنىڭغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. 21-ئەسىردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يېڭى پۇرسەتكە ۋە يېڭى سىناققا دۇچ كېلىدۇ. قانداق قىلىپ ماركسىزمنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، قانداق قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، قانداق قىلىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قانداق قىلىپ تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەۋر تېمىسىنى ھەل قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان زور تەتقىقات تېمىسى.

ماركس مۇنداق دېگەنىدى: ھەر بىر دەۋرنىڭ ھامان ئۆزىگە خاس مەسىلىلىرى بولىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى توغرا ئىگىلىگەن ۋە ھەل قىلغاندا، نەزەرىيىنى، ئىدىيىنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى زور بىر قەدەم ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. تارىخمۇ كۆپ قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىرەر دۆلەت ۋە مىللەت مۇبادا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئىلمىي ھالدا ئىگىلىيەلەيدىغان ھەمدە توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان بولسا، شۇ دۆلەت ۋە مىللەت چوقۇم تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ، ئۇنداق قىلالمايدىكەن، زاماننىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە خارابلىششى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، 21-ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان جۇڭگو پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرى پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە دۇچ كەلگەن ۋە كېلەر ئەسىردە دۇچ كېلىدىغان جاۋاب بەرمەي بولمايدىغان بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى چىڭ ئىگىلەپ ھەل قىلىشى كېرەك.

**1) دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى، ئالاھىدىلىكىنى ۋە ھازىرقى دۇنيادىكى مۇھىم مەسىلە-لەرنى تەتقىق قىلىش كېرەك**

بىرىنچى، دۇنيا سىياسىي قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىششىدىن ئىبارەت تەرەققىيات يۈزلىنىشى توغرى-سىدا. خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا دەۋرىمىزنىڭ ئىككى چوڭ تېمىسى. ئەمما جاھان تىنچلىنىشتىن يەنىلا ناھايىتى يىراق. دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت تارىخىي ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ھەربىي جەھەتتە ئىگىلىگەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن يەر شارى بويىچە زومىگەرلىكنى زورلۇق بىلەن يولغا قويۇپ، ھازىرقى ئادىل بولمىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي "يېڭى تەرتىپ"نى داۋاملىق قوغداۋاتىدۇ، ھەتتا تېخىمۇ ئادىل بولمىغان، تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئاشۇنداق تەرتىپنى ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، رېئال خەلقئارا ۋەزىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، كۆپ قۇتۇپلاشقان قۇرۇلمىنىڭ ئاخىرقى سېپاتا شەكىللىنىشى مۇرەككەپ كۈرەشكە تولغان ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان بولىدۇ. قانداق قىلغاندا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار بولغان دەۋر ماھىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى، مۇقىملىقىنى ۋە ئاۋاتلىقىنى قوغدىغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان خەلقئارا تىنچلىق مۇھىتىنى ۋە ياخشى بولغان دۆلەت ئەتراپى بىخەتەرلىك مۇھىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپە سۈپىتىدە تەبىئىي ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ 21-ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

ئىككىنچى، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش يۈزلىنىشى توغرىسىدا. نۆۋەتتە ئىقتىساد دۇنياۋىلىششقا ۋە رايونلار گۇرۇھلىششقا يۈزلىنىۋاتقان تەرەققىيات يۈزلىنىشى خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي رىقابەتمۇ يېڭى تۈسكە كىرىۋاتىدۇ. ئەمما ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش يۈزلىنىشى

قوش بسلىق پىچاق بولىدۇ. ئۇ ھەم دۇنيا مىقياسىدا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سەرخىل تەقسىملىنىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىگە پايدا يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىز ھالەتتە تۇرغان دۆلەتلەرنى رىقابەت داۋامىدا تېخىمۇ كەسكىن سىناققا دۇچار قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە تايىنىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن غايەت زور مىقداردىكى ماددىي بايلىق ياراتتى، ئەمما يەر شارىدا يەنىلا 1 مىليارد 500 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە نامراتلىق ئىچىدە ياشىماقتا. جەنۇب بىلەن شىمال ئىككى تەرەپنىڭ تەرەققىيات پەرقى ۋە نامرات-بايلىقتا بۆلۈنۈشى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ بارماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان نوپۇس مەسىلىسى، ئاشلىق مەسىلىسى، ئېنېرگىيە مەسىلىسى، ئېكولوگىيە مەسىلىسى قاتارلىق ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىپ تەرەققىي تاپقان ئاز ساندىكى غەرب ئەللىرىنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىكى نامۇۋاپىق خەلقئارا ئىقتىسادىي كونا تەرتىپنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى بەرپا قىلىش، قانداق قىلىپ ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆۋەنلىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن تىرىشىپ ساقلىنىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنى ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشىدىن مەنپەئەت ئالالايدىغان قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئىزدىنىش ۋە ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر بولغان بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ WTO غا كىرىشىگە ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شۈبھىسىزكى، زىيىنىدىن پايدىسى كۆپ بولىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز؛ لېكىن بىز نۇرغۇن جەھەتتىن يېڭى، قاتتىق سىناقمۇ دۇچ كېلىمىز. خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي رىقابەتكە تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىش، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن، بىز بۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىش ئۈستىدىكى تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى تېزدىن ۋە ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودا، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى تۈرلۈك خېيىم-خەتەردىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۆۋەنلىتىشنى قارشى تەدبىر ۋە نەزەرىيىۋى مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، يۇقىرى، يېڭى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "پەن-تېخنىكا—بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى." ئالدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، 21-ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا بىلىم (تەبىئىي پەن بىلىمى، ئىجتىمائىي پەن بىلىمى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بىلىمى)نىڭ يېڭىلىنىشى، يارىتىلىشى، كېڭەيتىلىشى ۋە تەتبىقلىنىشىغا تېخىمۇ تايىنىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي رىقابەت، ئۇنىۋېرسال دۆلەت

كۆچى جەھەتتىكى رىقابەت مەركەزلىك ھالدا پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت، ئىقتىسادنىڭ بىلىملىشىشى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت سۈپىتى بىلەن مۇشۇ جەھەتتىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن دۆلەت يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەدبىردۇر. بىلىمنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا 21-ئەسىردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئەمگەك ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگونىڭ قانداق قىلىپ كېيىن تەرەققىي قىلغۇچىلارغا خاس ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق پۇرسەتكە ۋە سىناققا جاۋاب بېرىشى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئالدىن تەتقىق قىلىشىغا ۋە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم تەتقىقات تېمىسىدۇر.

تۆتىنچى، غەربنىڭ ئىدېئولوگىيە زومىگەرلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا. ھازىرقى خەلقئارا جەمئىيەت ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان. دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە بىز ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدا ئىدېئولوگىيە ياكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئوخشاش بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراپ چېگرا ئايرىماسلىقىمىز، بەلكى تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىدا باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ ئورنىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ياخشى بولغان خەلقئارا تىنچلىق مۇھىتى ۋە دۆلەت ئەتراپى مۇھىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىراق بىز غەربتىكى بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادا ئىدېئولوگىيە زومىگەرلىكىنى ھە دەپ يولغا قويۇشىغا قارىتا سەگەك تونۇشتا بولۇشىمىز ھەمدە يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلىشىمىز كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربتىكى بەزى ئىستراتېگلار ئىقتىسادىي، سىياسىي، يۇقىرى يېڭى پەن-تېخنىكا ۋە ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە زومىگەرلىكنى كۆزلەپ، دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە ئالاقىدار بولغان بىر قاتار "يېڭى نۇقتىئىنەزەر"، "يېڭى نەزەرىيە" ۋە "يېڭى قائىدە"لەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن "كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرۇش نەزەرىيىسى"، "قىممەت قارىشى ئۈچۈن جەڭ قىلىش نەزەرىيىسى"، "ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى قانۇنىي خەلقئارالىق مۇداخىلە نەزەرىيىسى"، "شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيە ئۇقۇمى نەزەرىيىسى"، "مەدەنىيەت توقۇنۇش نەزەرىيىسى"، "ئۈچىنچى يول نەزەرىيىسى"، "تارىخ تاماملىنىش نەزەرىيىسى" ۋەھاكازالار. بۇلار ئەمەلىيەتتە يېڭى زومىگەرلىك نەزەرىيىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىس-تۈتەكسىز ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى "يۇمشاق قورالى"دۇر. شۇنداق كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ زومىگەرلىك يۈرگۈزۈشتىكى ھەر خىل نەزەرىيىلىرى يەنە داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، يېڭى شەكىلدىكى "يۇمشاق قورال"لار يەنە ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. تۈرلۈك ۋاستىلەرنى جۈملىدىن قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشتىن باش تارتماي

قىممەت قارىشى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى كېڭەيتىش خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنى ”غەربچىلەشتۈ-رۈش“، ”پارچىلاش“تەكى بىر خىل تېخىمۇ ئەپچىل، تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك شۇنداقلا تېخىمۇ زەھەرلىك ئىستراتېگىيىسىدۇر. بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ساختىپەزلىك، بىمەنىلىكلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئېغۋاگەرچىلىكىگە ۋە ھۇجۇمىغا كۈچلۈك جاۋاب بېرىش، شۈبھىسىزكى، دۆلىتىمىزنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىنتايىن جىددىي ھەم مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىدۇر. بولۇپمۇ WTO غا كىرگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي سېپىمىزلا يېڭى سىناققا دۇچ كېلىپ قالماي، ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىمىزمۇ ئوخشاشلا كۆپلىگەن ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. كەڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ئۇلۇغۋار نىيەت، جاسارەتلىك ئىرادە بىلەن دەۋر ئېقىمىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، زومىگەرلىك ئىدېئولوگىيىسىگە تاقابىل تۇرالايدىغان، خەلقئارا پەن-مەدەنىيەت ساھە-سىدە كەڭ تەسىرى بولىدىغان جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈرۈشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

**2) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا بارلىققا كېلىدىغان چوڭقۇر قاتلامدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش كېرەك**

21-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاش-تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدۇر. بۇ مەزگىلدە بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەيمىز ۋە راۋاجلاندۇرىمىز، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا بارلىققا كېلىدىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ تاپىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن مۆلچەرلەشكە بولىدىغان ۋە مۆلچەرلەش قىيىن بولغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىدىغان تۈرلۈك سىناق، قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىمىز، بولۇپمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا توپلىنىپ قالغان بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق، ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىمىز ۋە ئۇنى ھەل قىلىمىز. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن فاڭجېن، پرىنسىپلارنى بېكىتىپ، نىشان كۆرسىتىپ بەردى، ئەمما ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە نەزەرىيە جەھەتتىن ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن مۇھىتنى ئاسراش، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە

ئىسلاھاتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش
باسقۇچىغا كىردى، لېكىن زادى قانداق قىلغاندا پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇپ، ئومۇمىي
مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان
ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن ئەڭ ياخشى بىرىكىشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ،
زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ؟ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زادى
قانداق قىلغاندا غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى ئۈز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەي، كومپارتىيە رەھبەرلى-
كىدىكى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە
چىڭ تۇرغىلى ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ زادى قانداق قىلغاندا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى
چىقىش قىلىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيا-
لىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە
قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ، سىياسىي تۈزۈلمىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە
تېخىمۇ ماسلاشتۇرغىلى، شۇنداقلا چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇغىلى ۋە تۈگەتكىلى بولىدۇ؟
ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى خىزمەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قانداق قىلغاندا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى
ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ،
غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قاراتقان "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" سۈيىقەستى ۋە ئىدىيە،
مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىڭدۈرمىچىلىكىگە كۈچەپ تاقابىل تۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي
ياخشى ئىشلىگىلى، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى مەھكەم ئىگەللىگىلى بولىدۇ؟ مەنىۋى مەدەنىيلىك
ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قانداق قىلغاندا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ
تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ قانداق
قىلغاندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئورتاق غايە، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى شەكىللەندۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدا
چىڭ تۇرۇپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرى ۋە رەزىل ھادىسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى
ۋە ئۇنى توسۇغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى،
مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇپ ۋە قاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىلمىي روھنى قەدىرلەش،
فېئودال خۇراپىيلىق ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش، ئىدىئالىزمغا قارشى
تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا يۈز مىليونلى-
غان ئاممىنى ئىلمىي پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، راست-يالغاننى مۇستەقىل پەرقلەندۈرۈشنى

ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى توغرا تاللاشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ كەڭ ئېچىۋەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، ھەم چەتنىڭ جۇملىدىن غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ياراتقان ئىنسانىيەت مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۇلغايتقىلى، مەدەنىيەت شاكاللىرى، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ ۋە ئۈنى يوقىتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ؟ ۋەھاكازالار.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە چېتىلىدىغان چوڭ-چوڭ تەتقىقات تېمىسىدۇر. بۇ مەسىلىلەرنى ئىزدىنىپ ھەل قىلىش يولىدا پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر چوڭ تۆھپە قوشالايدۇ.

**3) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ نەزەرىيىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ئىجادچانلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ماركسىمنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش لازىم**

ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتا ئىككى قېتىملىق تارىخىي سەكرەش بولدى، ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى نەتىجە يەنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى نەتىجە يولداش ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئىجادچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كەڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى مۇجەسسەملەنگەن. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى، بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى، سوتسىيالىستىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق نەزەرىيىسى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىلمىي سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ۋە شەرھلەشلىرىنىڭ ھەممىسىگە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، يېزا ئىسلاھاتى ۋە يېزا تەرەققىياتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات، خەلقئارالىق مەسىلە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات، مىللىي مەسىلە ۋە دىنىي مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەتقىقاتلاردا ئاز بولمىغان ئىجابىي خاراكتېرلىك كۆزقاراش ۋە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نەزەرىيىۋى تەتقىقات جەھەتتىكى بۇ

ئىلگىرىلەشلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، بىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنىڭ ۋە بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى. بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئەمەلىيەت ھامان توختىماي ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، يېڭى ئەمەلىيەتتىن ھامان يېڭى نەزەرىيە تۇغۇلىدۇ، يېڭى ئەمەلىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يېڭى نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگىمۇ جىددىي مۇھتاج بولىدۇ. بۇلتۇر يىل بېشىدا، يولداش جياڭ زېمىن ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات كۇرسى ئاخىرلاشقاندا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئىجادچانلىق بىلەن تەتبىقلاشتا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىن قانۇنىيەتلىك تونۇش ۋە يەكۈنلەرنى ئايرىپ چىقىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى داۋاملىق بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ماھىر بولۇشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ چاقىرىقى ھەم پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ تەنتەنىلىك تارىخىي بۇرچى، ھەم پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىزدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك يول مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىيىتى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە يەكۈنلەشتىن ئىبارەت.

## 3. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇشنىڭ فاڭجېن ۋە پرىنسىپلىرى

1) ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ماركسىزم نەزەرىيىسى تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى، ھەممىدە شۇنىڭغا ئاساسەن پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي قائىدە ۋە پرىنسىپلىرىنى شەرھلەپ بەردى، ئۇ ئەمەلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ھەم

ئەمەلىيەت تەرىپىدىن قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ بىزنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا ياردىمىلا باركى، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولمايدۇ. ماركسىزمغا دوگماتىزملىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىزنىڭ ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشنى تەكىتلىشىمىزگە تۈپتىن قارىمۇقارشى. بۇ جەھەتتە، پارتىيىمىز ئاچچىق ۋە چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە. بىز بۇرۇنقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىمىزگە ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. لېكىن بۇنىڭ بىلەن باشقا بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىشكە، يەنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ماركسىزم ئەسەرلىرى ئىچىدىكى بۈگۈنكى ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ماس كەلمەي قالغان ئايرىم كونكرېت يەكۈنلەرگە ياكى بىزنىڭ بۇرۇن بۇ جەھەتتە سادىر قىلغان مەلۇم خاتالىقلارغا ئېسىلىۋېلىپ، كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزمەيلا ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى دەپ ھېسابلاشقا، ھەتتا بۇنى باھانە قىلىپ ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش تۈپتىن خاتا ۋە زىيانلىقتۇر. ئەمەلىيەت قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە، ماركسىزم تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازىنى ئىگەللىمىسە، ئۇنى تۈرلۈك ماركسىزمغا يات ۋە ماركسىزمغا قارشى خاتا ئىدىيىلەر مۇقەررەر ھالدا ئىگەللەپ كېتىدۇ. شۇڭا، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىدا "سول"چىل ياكى ئوڭچىل خاتا ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىپ، بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ چىرىتىشىنى توسۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى كاپالىتى، ھەم مەملىكىتىمىز پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

2) "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" يۆنىلىشى ۋە "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش—مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يۆنىلىشى، ئەلۋەتتە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭمۇ چىڭ تۇرۇشى كېرەك بولغان يۆنىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھەم پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر توغرا نەزەرىيىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئۈچۈن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ ھەر خىل قاتلاملىق، كۆپ

تەرەپلىمىلىك، مول، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشاشلا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىزدەش ۋە ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خىزمىتىدە "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ فاڭجېن ئىنسانلار بىلىشىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ۋە ھەقىقەتنىڭ بايقىلىش ھەم تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر ئاساسىي فاڭجېن ھېسابلىنىدۇ.

بەس-بەستە سايراش—ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىش، ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ مۇقەررەر ئۇسۇلى، بىر خىل كەسكىن، ئىلمىي بولغان تەتقىقات جەريانىدۇر. ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىش، يۈرەكلىك ئىزدىنىش، جاسارەت بىلەن بېكىتلىق يارىتىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىشتەك ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىستىك پوزىتسىيىنى رىغبەتلەندۇرۇش لازىم. نەزەرىيىۋى ئىزدىنىش، ئىلمىي ھەرىكەت بىلەن سىياسىي پائالىيەت، سىياسىي ھەرىكەتنىڭ چەك-چېگرىسىنى قاتتىق ئايرىش لازىم. ئىلىم-پەننىڭ چەكلىمىسى يوق، تەشۇىقاتتا ئىنتىزام بار، ھەرىكەتتە قانۇنغا رىئايە قىلىش كېرەك. "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" يۆنىلىشى بىلەن "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنى دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئىككىسى بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. ئىلمىي تەتقىقات ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىملارنىڭ بارلىق ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، پارتىيىلىك ئالىملارنىڭ ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىدە يەنە پارتىيە نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىكى ئاساسىي تەلەپ بولۇپ، ئۇ "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىردەك بولىدۇ ۋە ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

3) "قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنى ئېنىق بىلىش لازىمكى، بىزنىڭ جۇڭگونىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كونىسىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىسىنى قوبۇل قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسىدۇر. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە ھەم سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە ئىنكاسى، ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تۆپرىقىغا يىلتىز تارتقان، تارىخ ئېقىمى ۋە دەۋر روھىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ

رىئال تۇرمۇش مەنبەسىدىن ئايرىلالمايلا قالماي، يەنە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر تەركىبلىرى ئىچىدىن ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىشقا مۇھتاج، تارىخنى ئۇزۇۋېتىپ، رىئاللىق بىلەن تارىخنى سۈنئىي ھالدا قارشىلاشتۇ- رۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ھەم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى مەنبە قىلىدۇ، ھەم خاراكتېر جەھەتتىن كونا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن پەرقلىنىدۇ. بىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قارىتا تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئۇنى سوتسىيا- لىستىك يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، زامانىمىزدىكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى بايلىقى قىلىشىمىز لازىم. مىللىي ئىنكارچىلىق، تارىخىي ئىنكارچىلىق شۇنداقلا قەدىمكىنى مەدھىيە- لەپ، ھازىرقىنى كەمسىتىدىغان كونىلىققا قايتىش مەسلىكى، مۇتەئەسسىپلىك پوزىتسىيىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

ئوخشاشلا، تاشقى مەدەنىيەتكە، غەربنىڭ بۇرژۇئاچە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىگە قارىتىمۇ دىئالېك- تىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشتەك ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم. بىز ئىنسانلار ياراتقان جۈملىدىن غەرب كاپىتالىستىك تۈزۈمى ئاستىدا يارىتىلغان مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز، يۈرەكلىك قوبۇل قىلىشىمىز ۋە كەڭ كۆلەمدە ئۆرنەك قىلىشىمىز لازىم. بارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىدۇر. چەت ئەلنىڭ مۇنەۋۋەر ئىدىيە، نەزەرىيە نەتىجىلىرى ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇۋاپىق تەركىبلەرنى تەھلىل قىلغان، تەنقىد قىلغان ھالدا قوبۇل قىلغان ۋە ئۆرنەك قىلغاندا بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىپ، نەزەرىيىۋى نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. بىز يەكلىمىچىلىككە، تار ۋە قاتمال ئىدىيىۋى كۆزقاراشقا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇش-چەت ئەللەرگە خوشامەت قىلىش، ”پۈتۈنلەي غەربچىلەشتۈرۈش“ خاتا تەشەببۇسىغىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ئوخشاشلا شۇنىمۇ ئېنىق بىلىشىمىز لازىمكى، بۈگۈنكى كۈندىكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى قانداقلا بولمىسۇن كاپىتالىستىك مەدەنىيەت، غەربنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرى قانداقلا بولمىسۇن ئاساسلىقى كاپىتالىزمنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ۋە كرىزىسىنىڭ ئىنكاسى. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق نەرسە بار، لېكىن بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلىرى، ھەتتا چىرىك، چۈشكۈن نەرسىمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر، پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۆرنەك قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چىرىك، چۈشكۈن نەرسىلەرنى تەنقىد قىلىشىمىز ۋە چەكلىشىمىز لازىم. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئەس- يادى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتىن بىزگە سىڭىپ كىرمەكچى، نەزەرىيە جەھەتتىن بىزنى خاتا يولغا باشلاپ ماڭماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن تەلەپ قىلغىنىدەك بۇ جەھەتتە باشتىن-ئاخىر

كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز لازىم.

4) پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان زامانىۋى پەن تەتقىقات باشقۇرۇش يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش لازىم. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ ھازىرقى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئاساسەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. گەرچە ئۇ بۇرۇن ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يېڭى تەلىپىگە ماس ئەمەسلىكى، نەتىجە، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە پايدىسىز ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ خىل تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى نەتىجە يارىتىش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان زامانىۋى پەن تەتقىقات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم. بۇ خىل تۈزۈلمە ئەندىزىسىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىغا، ئىسلاھاتنىڭ سۈرئىتى ۋە قەدەم-باسقۇچىنى قانداق كونكرېت لايىھىلەش كېرەكلىكىگە كەلسەك، بۇنى ئەمەلىي ئىزدىنىش داۋامىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەش ئاساسىدا پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىدا زامانىۋى پەن تەتقىقات باشقۇرۇش يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش لازىم: بىرىنچى، تەمىنات ۋە تەقسىمات جەھەتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، تىرىشچانلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاشقا، ياخشىلىرىنى يۆلەشكە، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىلىرى، مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ياردىمى بولۇش، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىگە ۋە خادىملار قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا، خىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ياردىمى بولۇش. ئىككىنچى، زامانىۋى ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ ھەم يۇكسەك دەرىجىدە بۆلۈنۈش، ھەم بىر پۈتۈن گەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىپ، ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەبىئىي پەننىڭ، پەلسەپە بىلەن ھەرقايسى كونكرېت پەنلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىپ كىرىش، بىرىكىش ۋە "شالغۇتلىشىشى"نى تەشەببۇس قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشكە، كۆپ پەنلەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىشقا پايدىلىق بولۇش، ئاپپاراتلار تەكرار تەسىس قىلىنىش، سىستېما بىلەن رايونلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش ۋە تۆۋەن سەۋىيىدە تۈرلەرنى تەكرار تۇرغۇزۇش، تەكرار تەتقىق قىلىش ئەھۋاللىرىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىپ، تىرىشىپ ئىلىم-پەننىڭ يېڭى ساھەلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش

داۋامىدا، كلاسسك پەنلەرنىڭ كېسىشىدىغان يېرىدە يېڭى تەتقىقات ساھەسى ئېچىش. ئۈچىنچى، ھەرقايسى پەنلەرنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشتەك ئالدىراڭغۇلۇقنى يېڭىپ، ئىستراتېگىيىلىك نەزەر بىلەن ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى، ئەمەلىي تەتقىقات ۋە قارشى تەدبىر تەتقىقاتىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش، ھەمدە ئوخشىمىغان پەنلەر ۋە ئىلىم قاتلاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى-نى كۆزدە تۇتۇپ پەرقلىق رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى يۈرگۈزۈش. تۆتىنچى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات مەبلىغىنىڭ كۆپەيتىپ سېلىنىشى ۋە غەملىنىشىگە پايدىلىق بولۇش.

5) پارتىيىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزەلدىن پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىككە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ھەمدە ئۇنىڭغا كۆپ جەھەتتىن كونكرېت غەمخورلۇق قىلدى، يېتەكچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى. جۇڭگونىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرى يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان، چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى رەھبەرلىك ۋە قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، نۆۋەتتە بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز، ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرلىك ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە سەل قاراش خاھىشى مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالنى تېزدىن ئۆزگەرتىش لازىم.

شۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلىش لازىمكى، "پەن-تېخنىكا— بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى" دېگەندىكى پەن ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى بەزى ئاساسىي پەنلەرگە ئوخشاشلا بىۋاستە، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئەمەس. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىۋاستە، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنالايدىغان تېخنىكىدەك بىۋاستە بازارغا كىرەلمەيدۇ. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى پائال راۋاجلاندۇ-رۇشتا زۆرۈر بولغان ماددىي شارائىت ئاساسلىقى دۆلەت مالىيىسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مالىيىدىن بىۋاستە پۇل ئاجرىتىش ئارقىلىق ھازىرلاپ بېرىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار چوقۇم پارتىيە ۋە دۆلەت، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا، تەقدىرىگە ئالاقىدار ئىش يۇقىرىسەكلىكىدە تۇرۇپ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى تونۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەدەت بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشى ۋە يېتەكلىشى كېرەك. دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە

ئەگىشىپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىغا بولغان ئېھتىياجمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ماددىي ئاساس ۋە شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىگە ھۆرمەت قىلىش ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ يىراق كەلگۈسى پىلانى ۋە سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش كېرەك؛ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزگەندە، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۇنىڭغا ئېنىق كىرگۈزۈش كېرەك. بىز پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، يىراقنى كۆرەر نەزەر سېلىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبار بېرىشى ۋە قوللىشى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي كاپالىتىدۇر.

## 4. زامانىمىزدىكى جۇڭگو پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلە-رىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ تۆھپە قوشۇپ، خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغان بۇرچىغا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىگە سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا روشەن پەرق بار. پەننىڭ گۈللىنىشى ئىختىساسلىق خادىملارغا باغلىق.

21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن سوتسىيالىستىك جۇڭگو پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ھالبۇكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىسى يۇقىرى ساپالىق زور نەزەرىيە قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىق خادىملار بولمىسا، ئالدىنقى قاتاردىكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بولمايدۇ؛ ئىلىمدە كاتتا ئالىملار بولمىسا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدىغان كلاسسىك ئەسەرلەرمۇ بولمايدۇ؛ ئىلىمدە نوپۇزلۇقلار بولمىسا، يېڭى تەلىمات، يېڭى ئىلمىي ئېقىم ۋە يېڭى پەنلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەم تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار بولۇپمۇ ياش بىر ئەۋلاد ئالىملار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ زور ئۈمىدىنى يەردە قويماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ

گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتەك تارىخىي يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ جۇڭگو پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇش، كەسپىگە ھۆرمەت قىلىپ تۆھپە يارىتىش لازىم. باشقا كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى تېخىمۇ تولۇق تونۇپ يېتىپ، بۇ ئالىيجاناب ئىشقا ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممەت نىشانىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، مەن پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا ئۆزىنى تەقدىم قىلغان يولداشلاردىن شۇنداق ئۈمىد كۈتىمەنكى، ھەم باشقىلارنىڭ بايلىق، نام-ئاتاق ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان قانۇنلۇق قوغلىشىشىغا كەڭ قورساقلىق قىلىڭلار، ھەم ھازىرقى كەسىپ ۋە ئىشنى ئاڭلىق تاللىۋالغانلىقىغا ئۆكۈنمەڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىڭلار، بۇ جاھاندىكى تۈرلۈك قىزىقتۇرۇش ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىڭلار. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشقا ئاتلىنىش، ۋەزىپىگە سادىق بولۇش، كەسپىكە ھۆرمەت قىلىپ تۆھپە يارىتىش روھىنىڭ بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. نام-ئاتاققا، پايدا-مەنپەئەتكە قىزىقماسلىق، ئالدىراڭغۇلۇقتىن قاتتىق ساقلىنىش، پۈتۈن دىققىتىنى توپلاپ، قېتىرقىنىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم. نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا ئۆزىنى تەقدىم قىلغانلىكى كىشى بولۇپمۇ ياش ئالىملار سۈيىپكىتىپ دۇنيانى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئەجداتلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم-پەنگە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، شەخسىي نام-مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ھەقىقەت يولىدا تەۋرەنمەي ئىزدىنىدىغان خىسلىتى ۋە پەزىلىتىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئىككىنچى، سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى جۇڭگو، دۇنيا ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئەقلىي پىكىر قىلىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا ئىلمىي شەرھلەپ، ئۇنى بىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرىمىز سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتقاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ ئېگىزدىن تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ئاندىن نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتتە دۆلەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ، جاپالىق ئىسلاھات، قۇرۇلۇش داۋامىدا دەۋرىمىزنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئىگەللەپ، تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى توغرا تونۇپ، ھەر تۈرلۈك كونكرېت

تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئاگلىق ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ. ھەقىقىي ماركسىزمچى نەزەرىيە تەتقىقات خىزمەتچىلىرى يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى تۇرغۇزۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچىگە ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنى "بىخ ھالىتى"دىلا سەزگۈرلۈك بىلەن پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى؛ پارتىيە ۋە دۆلەت، مىللەتنىڭ ئىستىقبال، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ سىياسىي، نەزەرىيىۋى ھەق-ناھەق مەسىلىلەرگە قارىتا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇشى ھەمدە تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى لازىم. بىز ھەر كۈنى روھىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىۋى كۆزقاراشلىرى بىلەن باشقىلارنى تەربىيىلەيمىز، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنە يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن بىردەممۇ ئايرىلالمايدۇ. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بۇلىقى ۋە تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى. نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە باغلىنىشى شەرت. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر پەقەت ئۆز دەۋرى ۋە نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئوتتۇرىغا قويغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئېكىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇھىم قىممىتى ۋە نەزەرىيىۋى كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگودا خەلق ئاممىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىنقىلاب، ئىسلاھات، قۇرۇلۇش داۋامىدا ياراتقان ۋە توپلىغان مول تەجرىبىلەرنى نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، يەنىمۇ قېزىشى، يەكۈنلىشى ۋە تازىلاپ ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ—باي نەزەرىيە ماكانى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى كەڭ خىزمەتچىلەرنىڭ نى-نى ئىشلارنى قىلىشىغا ئىمكان بېرىدىغان كەڭ زېمىندۇر. شۇڭا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى كەڭ خىزمەتچىلەر ئىلمىي تەتقىقات داۋامىدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئۇلغايتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئوبيېكتنى مەركەز قىلىشى، ماركسىزم-لىق نەزەرىيىنى تەتبىقلاشنى، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم.

تۆتىنچى، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيىنى ئازاد قىلىدىغان پەندۇر. پەقەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەندىلا، ئاندىن ئىدىيىدە ئازاد بولغىلى ھەمدە بۇ ئارقىلىق نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا

ئاشۇرغلى بولىدۇ. پەن تەتقىقاتىنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتنى ئىزدەپ، ھازىرقى بار بىلىمنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، بىلىم ۋە نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىن قايتا-قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ يېتەكچى ئاملى“، ”ئىلمىي روھنىڭ جەۋھىرى ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت.“ مەملىكىتىمىزنىڭ ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل ”ئىلمىي روھ“تا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ”ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش“نى ئىلگىرى سۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى ئەمەلىيەت يېڭى نەزەرىيىنى چىللايدۇ ھەم ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى نەزەرىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۆز نۆۋىتىدە مۇقەررەر ھالدا يېڭى دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەم ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بەشىنچى، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىر تۈرلۈك ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان مۇقەددەس ئىش، شۇ سەۋەبتىنمۇ بىر خىل جاپالىق، ئىجادىي خاراكتېرلىك ئەمگەكتۇر. ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولى كۆپ چاغلاردا پۇرەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر بىلەن تولغان تۈپ-تۈز يول بولماستىن، بەلكى تىكەنلىك، ئويمان-دۆڭ بىلەن تولغان خەتەرلىك يولدۇر. بۇنىڭدا ”دوزاققا چۈشىدىغان“ غەيرەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى جاپالىق ئىشلەش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش كېرەك. پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى نەتىجە قازانماقچى بولىدىكەن، بۇ خىل قىيىنچىلىقتىن قورقماي، مۇشكۈللۈكنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەيدىغان، ئىرادىسىدىن يانماي، چىداملىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، باشتىن-ئاخىر ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

بىز ھازىر ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز، بۇ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسىگە جىددىي مۇھتاج بولۇۋاتقان دەۋر، شۇ سەۋەبتىنمۇ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى نى-نى ئىشلارنى قىلالايدىغان دەۋردۇر. مەن چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى كەڭ خىزمەتچىلەر چوقۇم دۆلەت ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا، دەۋر ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى تەقدىم قىلالايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە

**لى دېجۇ**

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش دانا تەدبىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىيلىقنى نەزەرگە ئالغان دانالىقىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە يەنە بىر سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بېسىلغان يېڭى مۇھىم تارىخىي قەدەمدۇر.

## 1. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش يېڭى تارىخىي شارائىتتا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى

غەربىي رايونلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۆشۈكى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەڭ مەركەزلەشكەن رايونلار. تارىختا، غەربىي رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. غەربىي رايونلار خېلى ئۇزۇن مەزگىل دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، پارلاق تارىخنى ياراتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. پارتىيىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى 50-يىللاردىلا مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ

ئۆزىنىڭ «ئۇن چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە: دېڭىز بويىدىكى رايونلار سانائىتى بىلەن ئىچكى رايونلار سانائىتىنىڭ (بۇ يەردىكى ئىچكى رايونلار ئاساسلىقى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى كۆرسىتىدۇ) مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت سانائەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى غەربىي رايونلارغا قارىتىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ 60-يىللاردا، خەلقئارا ۋەزىيەت-نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ”3-سەپ“ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، شەرقىي رايونلاردىكى خېلى كۆپ زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈ-لۈپ، غەربىي رايونلاردا دەسلەپكى قەدەمدە زامانىۋى سانائەت كارخانىسى شەكىللەندى. بۇ شەرقىي رايونلاردا سانائەتنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق زىچ بولۇش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى دۆلەت سىياسىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ رايون ئۈستۈنلۈكى ۋە نىسبەتەن ياخشى بولغان ئىقتىسادىي ئاساسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، خېلى زور ئەمەلىي كۈچ توپلىدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر تاشلاپ، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ”ئوتتۇرا-غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان شارائىت ھازىرلاندى، ۋاقتى پىشىپ يېتىلدى“ دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ”ئىككى ئومۇمىيەت“ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ھەم ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىقارغان مۇھىم تەدبىردۇر.

يولداش جياڭ زېمىن، ئومۇمىيلىق يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، سىياسىئونلارنىڭ كۆزى بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە قاراشنى ئۆگىنىۋېلىش، بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى سىياسىي نۇقتىدىن تونۇش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم، ئىقتىسادىي ھادىسىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ سىياسىي مەنىسىنى كۆرۈش كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. بىز چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئومۇمىيىتى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى

زور ئەھمىيەتنى تولۇق تونۇپ، ئىدىيىمىزنى مەركەزنىڭ تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسى تولاراق ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول. ئۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتىسى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمى بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش. 1999-يىلى چاقىرىلغان مەركىزىي مىللىي خىزمەت يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىمىز بار، ئۇنىڭ "بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولغان ھەر مىللەت خەلقىنى سوتسىيالىزم يولىغا يېتەكلەش؛ ئىككىنچىسى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بىرىنچى تارىخىي ۋەزىپە غەلىبىلىك ئورۇندالدى، مۇشۇ ئاساستا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، دېمەك مىللىي خىزمەتنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك تارىخىي ۋەزىپىسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، ھەم مىللىي خىزمەتنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىكى مۇھىم تەدبىر.

سوتسىيالىزم دەۋرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، گۈللىنىدىغان دەۋر، ھەرقايسى

مىللەتلەر ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىن تولۇق تەرەققىي قىلىدىغان دەۋر. مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىن ھالقىپ سوتسىيالىزم باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، تارىختا شەكىللەنگەن ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات تەڭپۇڭسىزلىقى تېخى تولۇق يوقالمىدى. بۇ ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات تەڭپۇڭسىزلىقىنى، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات تەڭپۇڭسىزلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە ھەر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىيات تەڭپۇڭسىزلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غەربىي رايونلاردا بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ناھايىتى گەۋدىلىك. بۇ خىل تەرەققىيات جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، تەرەققىياتقا تايىنىش، يەنى مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۆزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا يېڭى تارىخىي شارائىتتا مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى.

## 2. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دۆلىتىمىز تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر ئىش، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، غەربىي رايونلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى يوقىتىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەر، ئىتتىپاق

بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھەرقايسى مىللەتلەر ئالاقىلىشىش جەريانىدا گەرچە بەزى زىددىيەتلەر پەيدا بولۇپ تۇرسىمۇ، بىراق بۇ تۈپ مەنپەئەت بىردەك بولۇش ئاساسىدىكى ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇ زىددىيەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ياخشى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم.

غەربىي رايونلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىرنەچچە تەرەپ بار: غەربىي رايونلار تارىختا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى نازۇك رايونلار ئىدى. تارىختىن قېپقالغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئەكس تەسىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ؛ غەربىي رايونلاردا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلە ئارىلىشىپ كەتكەن، بۇ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن؛ غەربىي رايونلاردا ھەممىشە چېگرا، سۇ، ئوتلاق، ئورمانلىق، كان بايلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىكى زىددىيەتلەر تۇپەيلىدىن بەزى تالاش-تارتىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يولغا قويۇش جەريانىدا ھەر خىل بايلىقلارنى ئېچىش، پايدىلىنىشقا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەر يەنە يۈز بېرىدۇ؛ غەربىي رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ۋە تەڭكەش تەرەققىي قىلىشى مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش؛ بەزى مىللەتلەر چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان، تىل، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى خەلقئارا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەرەپدارلىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ياكى مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى ئالداپ، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىز ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ساقلاش غەربىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشتا ئىنتايىن مۇھىم.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ،

چاتاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى مەسىلىسىنى تولۇق تونۇش كېرەك. غەربىي رايونلار ھەم دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەڭ مەركەزلەشكەن رايونلار، ھەم بازارلىشىش، ئىجتىمائىي-لىشىش دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن رايونلار. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا غەربىي قىسىمدىكى مىللىي رايونلارنىڭ بازارلىشىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە «ئىككى يۈزلىنىش» پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى رايون بېكىنمىچىلىك ھالىتى تەدرىجىي بۇزۇلۇپ تاشلىنىدۇ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي رىشتىسىگە ئايلىنىدۇ، ھەرقايى-سى مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىگە ئۇيۇشۇشتىكى مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى كۈنسايىن كۈچىيىپ بارىدۇ. يەنە بىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غۇرۇر ۋە ئېتىخارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مىللىي ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئوبرازىغا ۋە ھەر تۈرلۈك قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىغا ۋە قوغدىلىشىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنى ئاكتىپ يېتەكلىسەك، ئۇ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆز مەيلىچە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويساق، ئۇ پايدىسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئىككىنچى، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا نوپۇسنىڭ «قوش لىنىيىلىك» ئېقىش مەسىلىسى-گە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغانلىقتىن، غەربىي رايونلاردىكى زور مىقداردىكى ئىختىساسلىق خادىملار شەرقىي رايونلارغا ئېقىپ، «تورغايلارنىڭ شەرقىي جەنۇبقا ئۇچۇش» ھادىسىسى پەيدا بولدى؛ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، دۆلەت سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتە غەربىي رايونلارغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىشىدۇ. ئىختىساس-لىق خادىملار غەربىي رايونلارغا قاراپ ئاقىدىغان ئىشمۇ كۆرۈلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئىش تېپىش ئۈچۈن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ غەربىي رايونلارغا ئاقىدۇ. شۇڭلاشقا

ئىشىنىشكە بولىدۇكى، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ”توزلارنىڭ غەربىي رايونلارغا ئۇچۇش“ ھادىسىسىمۇ كېلىپ چىقىدۇ. نوپۇسنىڭ قوش لىنىيىلىك ئېقىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي رايونلارنىڭ مەدەنىيلىك سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي خىزمەتتە بەزى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرمۇ پەيدا بولىدۇ. شەھەردىكى ئاز سانلىق مىللەت تەركىبى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدۇ، شەھەردىكى مىللىي خىزمەت پۈتكۈل خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ، شەھەردىكى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئەتراپقا تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقايسى مىللەت كۆچمە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتتىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، ئالاقە جەريانىدا بەزى زىددىيەت ۋە سۈركىلىشلەرمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىساق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بەزى پايدىسىز تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلە يۈكسەك دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

## 3. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيەتنى قەتئىي قوغداش كېرەك

ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقى يەنىلا مەۋجۇت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتتىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەر تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقى مۇشۇ پەرقنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، ئەگەر مۇشۇ پەرقنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىشىغا يول قويۇلىدىغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر قىلىدۇ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇرۇنقى تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر قىلىدىغان ئامىللار كۆپ

تەرپلىملىك، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم ئامىل. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، ئەگەر شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى ئۇزاق مۇددەت ساقلانسا، ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: ”مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئەۋج ئالىدۇ، مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئەۋج ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاتاق چىقىدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 757-بەت)

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇناسىۋەت. پەقەت غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن مۇستەھكەم ماددىي ئاساس سالغىلى بولىدۇ؛ پەقەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىغاندىلا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتقىلى بولىدۇ. بىز بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ئىگىلەپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش. بۇ جەرياندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ھەر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى مۇقەررەر ھالدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قاتار يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئەگەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا ياكى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقىسىدا سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمى مۇقەررەر تېزلىتىلىدۇ، چەت ئەلدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە بەزى دۈشمەن كۈچلەرمۇ مۇشۇنداق بوشاشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شەكىللەر بىلەن بىزگە سىڭىپ كىرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، بىز يۇكسەك دەرىجىدىكى ھوشيارلىقىمىزنى ساقلاپ، ھەققىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيەتنى

قەتئىي قوغداپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

## 4. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولىدۇ. بىراق تارىخىي، ئىجتىمائىي، مىللىي قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت نۇرغۇن سىياسەت خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللاندى. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار ئورتاق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە بەزى ئالاھىدە مەنپەئەتلىرى بار. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئىتى دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، ئۆزئارا توقۇنۇشمايدۇ. پەقەت دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى قوغدىغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ؛ ئوخشاشلا پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىگە ئېتىبار بەرگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان بولىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى كۈچىيىدۇ، دۆلەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى كۈچىيىدۇ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى تېخىمۇ مۇستەھكەم سىياسىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ھەم دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، غەربىي رايونلار خەلقىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ، بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى-

غمۇ زور پايدا كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغ ئىش. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئەتى بىردەك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى خىل مەنپەئەتنىڭ مۇكەممەل بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 5. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى سىياسەت ۋە قانۇن، نىزام جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك

مىللىي سىياسەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن بولىدۇ، ئۇنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ماس ھالدا تەڭشەپ تۇرۇش، ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ يەنە بەزى يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. يېڭى سىياسەت بەلگىلىگەندە چوقۇم مۇنداق تۆت پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يەنى: «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» پرىنسىپى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق بولۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق بولۇش؛ «ئۈچنى كىرگۈزۈش» پرىنسىپى، ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈشكە، تېخنىكا كىرگۈزۈشكە، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» پرىنسىپى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر-بىرىدىن ئايرىلالماسلىق؛ «مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىش» پرىنسىپى، ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم خەنزۇ ۋە باشقا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇش، يەنە چەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش. بىر مىللەت ئەگەر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئېسىلىۋالسا، ئۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك قانۇن تۈزۈش تارماقلىرىغا ئاكتىپ ياردەملىشىپ، ۋاقتىدا بەزى قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش غەربىي

رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارغا بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق بەلگىلەپ، مىللىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قانۇن، نىزام ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي خىزمەتنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك ئورگىنى بولۇپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى باش تارتماي ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تېخىمۇ كەڭ نەزەر، تېخىمۇ ئۈتكۈر ئىدىيە ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن يېڭى خىزمەت تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قوزغىغان ”چېگرانى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى“نىڭ ئۆزى يېڭى تەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ، نوپۇس نىسبەتەن ئاز 22 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا نۇقتىلىق يار-يۆلەك بولۇشمۇ يېڭى تەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ. بىز داۋاملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى مىللىي خىزمەتنى ئۇششاق ئىشلار ئارىسىدىن ئازاد قىلىپ چىقىپ، كەسپىي خاراكتېرلىك مۇلازىمەتتىن ماكرو خاراكتېرلىك مۇلازىمەتكە قاراپ ئۆزگىرىش ياساپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى، چوڭ-چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ئۈستىدە، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەركەزنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇشىمىز كېرەك؛ مىللىي خىزمەتنى ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا تايىنىپ ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىپ ئىلگىرى سۈرۈشكە قاراپ ئۆزگىرىش ياساپ، مىللىي خىزمەتنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە كۆپ يول بىلەن ھەر قاتلامدا قاتنىشىش فۇنكسىيىسىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك؛ پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى خىزمەت فۇنكسىيىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدىكى باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياساپ، مىللىي خىزمەت ئورگانلىرىنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان جۇڭگو ھەممە تەرەپلەردە يېڭى تۇسكە كىرىۋاتىدۇ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، بىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىز يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا كىردى. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە،

دېمەك شىۋاپېك نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەركىزىي مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە مىللىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىششى ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر چوقۇم تەرەققىي قىلىپ زامانىۋى، مەدەنىي مىللەتلەرگە ئايلىنىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوقۇم يېپيېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

**(ئاپتور: دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 08>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:$\frac{\text{ISSN1006－5857}}{\text{CN11－2498/D}}$

邮发代号:2－373 定价:2.80元 邮政编码 100013